## 9940 ـ بەش نامازنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقىتلىرى

### سۇئال

ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى قاچان ئاياغلىشىدۇ ؟ ھەمدە ئۇنى سائەت بىلەن ئىنىق بەلگىلەپ بىرەلەمسىلەر ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

ئاللاھ بەندىلىرىگە بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بەش نامازنى ئاللاھنىڭ دانالىقى تەقەززا قىلغان ۋاقىتلار بىلەن ۋاقتى بەلگىلەنگەن ھالدا پەرز قىلدى ، شۇنىڭ بىلەن بەندە بۇ ۋاقىتلار داۋامىدا بۇ نامازلاردا پەرۋەردىگارى بىلەن ئالاقىلىشىدۇ . ئۇلار يۈرەككە نىسبەتەن سۇنىڭ دەرەخنى بىر قىتىمدا سۇغۇرۇپ ئاندىن ئۈزۈلۈپ قالماستىن ، ئۇنى پات ـ پات سۇغۇرۇپ تۇرۇشىغا ئوخشايدۇ . نامازلارنىڭ بۇ ۋاقىتلاردا ئادا قىلىنىشتىكى يەنە بىر ھىكمەت بولسا ئەگەر بۇ نامازلارنىڭ ھەممىسى بىر ۋاقىتتا ئادا قىلىنىدىغان بولسا ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن زىرىكىپ قالماسلىقى ياكى ئۇنى قېيىن ھىس قىلماسلىقى ئۈچۈن . ئاللاھ ئەڭ دانا ھۆكۈم قىلغۇچى . ["مقدمة رسالة أحكام مواقيت الصلاة للشيخ محمد ابن عثيمن رحمه الله . ]

نامازلارنىڭ ۋاقىتلىرى ھەدىيستە پەيغەمبەر( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) تەرىپىدىن ئوتتۇرغا قويۇلغان : پېشىنىنىڭ ۋاقتى كۈن ئەڭ ئىگىز نۇقتىسىدىن ئۆتكەندە ھەمدە كىشىنىڭ سايىسى ئۆزىنىڭ بويى بىلەن تەڭ ئۇزۇنلۇقتا بولغاندىن باشلاپ ، ئەسىرنىڭ ۋاقتى كىرگۈچە . ئەسىرنىڭ ۋاقتى كۈن سارغايغۇچە داۋاملىشىدۇ . شامنىڭ ۋاقتى شەپەق يوقالغۇچە داۋاملىشىدۇ . خۇپتەننىڭ ۋاقتى تەڭ كېچىگىچە داۋاملىشىدۇ . بامداتنىڭ ۋاقتى تاڭ ئاتقاندىن باشلاپ ، كۈن كۆتۈرۈلگىچە . كۈن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغاندا ، ناماز ئوقۇشتىن توختا ، چۈنكى ئۇ شەيتاننىڭ ئىككى مۆڭگۈزىنىڭ ئارىسىدا كۆتۈرۈلىدۇ . ]

مۇسلىم نەقىل قىلغان ، 612 ]

بۇ ھەدىيس كۈندىلىك بەش نامازنىڭ ۋاقىتلىرىنى ئوچۇقلاپ بېرىدۇ . ئۇلارنى سائەت ئارقىلىق ئىنىق قىلىپ بىرىشكە كەلسەك ، بۇ بىر شەھەر يەنە بىرىدىن پەرىقلىنىدۇ . بىز ھەر بىرىنى تىخمۇ تەپسىلي قىلىپ تۆۋەندىكىچە ئىنىق قىلىپ بىرىمىز :

1 – پېشىن ۋاقتى

پەيغەمبەر ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) : پېشىنىنىڭ ۋاقتى كۈن ئەڭ ئىگىز نۇقتىسىدىن ئۆتكەندە ھەمدە كىشىنىڭ سايىسى ئۆزىنىڭ بويى بىلەن تەڭ ئۇزۇنلۇقتا بولغاندىن باشلاپ ، ئەسىرنىڭ ۋاقتى كىرگۈچە . دىدى . شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) پېشىن ۋاقتىنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش ۋاقتىنى ئىنىق قىلىپ بەردى :

پېشىن ۋاقتىنىڭ باشلىنىشى بولسا كۈن ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىگىز نۇقتىسىدىن ئۆتكەندە ، يەنى ، ئاسماننىڭ ئەڭ ئىگىز قىسمىدىن ئۆتۈپ ، غەربكە قايرىلىشقا باشلىغاندا .

كۈننىڭ ئەڭ ئىگىز نۇقتىسىدىن ئۆتكەنلىكىنى( پېشىن ۋاقتىنىڭ باشلانغانلىقىنى) بىلىشنىڭ ئەمىلىي ئۇسۇلى :

تاياق ياكى كالتەكنى بىر ئوچۇق جايغا قويۇڭ . كۈن شەرىقتە كۆتۈرۈلگەندە ، بۇ تاياقنىڭ سايىسى غەرپكە قاراپ چۈشىدۇ . كۈن قانچە ئىگىزلىگەنسىرى ، سايىمۇ شۇنچە قىسقىرايدۇ . ناۋادا ئۇ قىسقىراشنى داۋاملاشتۇرسا ، كۈن تېخى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىگىز نۇقتىسىغا يىتىپ بارمىغان بولىدۇ . سايە ئۆزىنىڭ مەلۇم نۇقتىسىغا يەتكۈچە ، قىسقىراشنى داۋاملاشتۇرىدۇ ، ئاندىن ئۇ ئۇزىراشقا ، شەرىققە قاراپ چۈشۈشكە باشلايدۇ . ئۇ ئازراق بولسىمۇ ئۇزىرىغان بولسا ، ئۇنداقتا كۈن ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىگىز نۇقتىسىدىن ئۆتكەن بولىدۇ . ئەنە شۇ نۇقتىدا پېشىننىڭ ۋاقتى كىرگەن بولىدۇ .

ئەڭ ئىگىز نۇقتىنى( يەنى، زاۋالنى) سائەت بىلەن بىلىش : كۈن چىقىش بىلەن كۈن ئولتۇرۇش ئارلىقىدىكى ۋاقىتنى تەڭ ئىككىگە بۆلۈڭ ، ھەمدە ئۇ بولسا ئەڭ ئىگىز نۇقتىنىڭ ۋاقتى . ئەگەر بىز كۈن ئەتىتىگەن سائەت 6دە چىقىدۇ ، ھەمدە كەچ سائەت 7 دە ئولتۇرىدۇ دەپ پەرەز قىلساق ، ئۇنداقتا ئەڭ ئىگىز نۇقتا چۈش سائەت 12 دە بولىدۇ . ئەگەر ئۇ ئەتىتىگەن سائەت 7 دە چىقىپ ، كەچ سائەت 7 دە ئولتۇرسا ، ئۇنداقتا ئەڭ ئىگىز نۇقتا چۈشتىن كىيىن سائەت 1 دە بولىدۇ ، قاتارلىقلار .

[ الشرح الممتع (2/96)] كە قاراڭ .

پېشىن ۋاقتىنىڭ ئاخىرلىشىشى : ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئەڭ ئىگىز نۇقتا ۋاقتىدىكى سايىسى ( يەنى ، زاۋال سايىسى )دىن كيىنكى سايىسى شۇ نەرسىنىڭ ئۇزۇنلىقىغا تەڭ بولغۇچە .

پېشىن ۋاقتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلىشنىڭ ئەمەلىي ئۇسۇلى :

ئالايلى بىز قويغان تاياق ياكى كالتەككە قايتايلى ، ھەمدە ئۇنىڭ ئۇزۇنلىقىنى 1 مېتىر دەپ پەرەز قىلايلى . بىز شۇنىڭغا دىققەت قىلىمىزكى ، كۈن ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىگىز نۇقتىسىغا يىتىشتىن بۇرۇن ، سايە مەلۇم نۇقتىغا يەتكۈچە ئاستا-ئاستا كىمىيىدۇ ( بۇ نۇقتىغا بىر بەلگە قويۇۋالىمىز ) ، ئاندىن ئۇ ئۇزىراشقا باشلايدۇ ، ئۇ نۇقتىدا پېشىننىڭ ۋاقتى كىرگەن بولىدۇ . سايە ئۇزىراشنى ، ھەمدە ئۇنىڭ ئۇزۇنلىقى شۇ نەرسىنىڭ ئۇزۇنلىقىغا تەڭ بولغىچە شەرىققە قاراپ چۈشۈشنى داۋاملاشتۇرىدۇ ،( يەنى ، ئۇ ئەڭ ئىگىز نۇقتا دەپ بەلگە قويۇلغان نۇقتىدىن باشلاپ 1 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ ) . بەلگىنىڭ ئالدىدىكى سايە ھىساپلانمايدۇ ، ھەمدە ئۇ زاۋال سايىسى ( ئەڭ ئىگىز نۇقتا سايىسى) دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ نۇقتىدا پېشىن ۋاقتى ئاخىرلىشىدۇ ھەمدە ئۇلاپلا ئەسىرنىڭ ۋاقتى كىرىدۇ .

2- ئەسىرنىڭ ۋاقتى :

پەيغەمبەر( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) : ئەسىرنىڭ ۋاقتى كۈن سارغايغۇچە داۋاملىشىدۇ . دىدى . بىز شۇنى بىلىمىزكى ، ئەسىرنىڭ ۋاقتى پېشىن ۋاقتى ئاخىرلاشقاندا،يەنى ، نەرسە سايىسىنىڭ ئۇزۇنلىقى شۇ نەرسىنىڭ ئۇزۇنلىقىغا تەڭ بولغاندا باشلىنىدۇ. ئەسىرنىڭ ئىككى ئاخىرلىشىش ۋاقتى بار .

a) ئەۋزەل ۋاقتى : بۇ بولسا ئەسىرنىڭ ۋاقتى باشلىنىپ ، كۈن سارغايغۇچە داۋاملىشىدۇ ، چۈنكى پەيغەمبەر ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) : ئەسىرنىڭ ۋاقتى كۈن سارغايغۇچە داۋاملىشىدۇ . دىدى . بۇ ۋاقىتنى سائەت بىلەن ئېنىق قىلىپ بىرىش پەسىللەرگە قاراپ ھەرخىل بولىدۇ .

b) زۆرۈر ۋاقتى : بۇ بولسا كۈن سارغايغاندىن باشلاپ ، كۈن ئولتۇرغىچە داۋاملىشىدۇ . چۈنكى پەيغەمبەر ( ئاللاھنىڭ

تەرپلىشى ۋە ئامانلىق ئۈنىڭغا بولسۇن) : كىمكى كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئەسرنىڭ بىر رەكئىتىگە ئۈلگىرەلىسە ، ئەسرگە ئۈلگۈرگەن بولىدۇ . دىگەن . [ بۇخاري ( 579) ، مۇسلىم( 608) نەقىل قىلغان .]

سۇئال : زۆرۈر ۋاقتىنىڭ مەنىسى نىمە؟

بۇ يەردىكى زۆرۈرىيەت بولسا بىر كىشىنى مەلۇم مۇھىم ياكى ساقلانغىلى بولمايدىغان ئىش ، مەسىلەن ، جاراھەتنى تىڭىش دىگەندەك ئىشلار ئەسرنى ئوقۇشتىن قويغان بولسا ، ھەمدە ئۇ كۈن سارغىيىشتىن بۇرۇن ناماز ئوقۇيالايدۇ لىكىن تەستە ، ئۇنداقتا ئۇ نامازنى كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئوقۇيدۇ . بۇ ھالەتتە ئۇ نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇغان ھەمدە گۇناھ قىلمىغان بولىدۇ ، چۈنكى بۇ بولسا زۆرۈر ۋاقىت . ئەگەر كىشى نامازنى كېچىكتۈرۈشكە مەجبۇر بولسا ، ئۇ نامازنى كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئوقۇغانلا بولسا گۇناھ يوق .

3- شامنىڭ ۋاقتى :

پەيغەمبەر ( ئاللاھنىڭ تەرپلىشى ۋە ئامانلىق ئۈنىڭغا بولسۇن) : شامنىڭ ۋاقتى شەپەق يوقالغۇچە داۋاملىشىدۇ . دىدى .

يەنى ، شامنىڭ ۋاقتى ئەسرنىڭ ۋاقتى ئاخىرلىشىشى بىلەنلا باشلىنىدۇ ، يەنى ، كۈن ئولتۇرۇپ ، شەپەق ياكى قىزىللىق يوقالغۇچە داۋاملىشىدۇ . ئەگر قىزىللىق ئاسماندىن غايىپ بولسا شامنىڭ ۋاقتى ئاخىرلىشىشىدۇ ، خۇپتەننىڭ ۋاقتى كىرىدۇ . ھەمدە ئۇنى سائەت بىلەن ئىنىق قىلىپ بىرىش پەسىللەرگە قاراپ ھەرخىل بولىدۇ . شۇڭا سىز قاچان شەپەقنىڭ ئۇپۇقتىن يوقالغانلىقىنى كۆرسىڭىز ، بۇ شام ۋاقتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

4- خۇپتەن ۋاقتى :

پەيغەمبەر ( ئاللاھنىڭ تەرپلىشى ۋە ئامانلىق ئۈنىڭغا بولسۇن) : ھەمدە خۇپتەننىڭ ۋاقتى تەڭ كېچىگىچە داۋاملىشىدۇ . دىدى .

شۇڭا خۇپتەننىڭ ۋاقتى شامنىڭ ۋاقتى ئاخىرلىشىشى بىلەنلا ( يەنى ئاسماندىكى قىزىللىق يوقىلىشى بىلەن) باشلىنىپ ، تەڭ كېچىگىچە داۋاملىشىدۇ .

سۇئال : تەڭ كېچىنى قانداق ھىساپلايمىز ؟

جاۋاپ : ئەگەر تەڭ كېچىنى بىلمەكچى بولسىڭىز ، ئۇنداقتا كۈن ئولتۇرغاندىن باشلاپ ، تاڭ ئاتقۇچە بولغان ۋاقىتنى ھىساپلاڭ . ئۇنىڭ تەڭ يېرىمى بولسا خۇپتەن ۋاقتىنىڭ ئاخىرقى ۋاقتى ( ھەمدە ئاشۇ تەڭ كېچە ) .

شۇڭا كۈن چۈشتىن كىيىن سائەت 5 تە ئولتۇرسا ، ھەمدە بامدات سائەت 5 تە باشلانسا ، ئۇنداقتا تەڭ كېچە بولسا كەچ سائەت11 بولىدۇ . ئەگەر كۈن سائەت 5 تە ئولتۇرۇپ ، تاڭ سائەت 6 دە ئاتسا ، ئۇنداقتا ، تەڭ كېچە سائەت 11 يېرىمدە بولىدۇ ، قاتارلىقلار .

5- بامدات ۋاقتى :

پەيغەمبەر( ئاللاھنىڭ تەرپلىشى ۋە ئامانلىق ئۈنىڭغا بولسۇن) : بامداتنىڭ ۋاقتى تاڭ ئاتقاندىن باشلاپ ، كۈن كۆتۈرۈلگىچە . كۈن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغاندا ، ناماز ئوقۇشتىن توختا ، چۈنكى ئۇ شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزىنىڭ ئارىسىدا كۆتۈرۈلىدۇ . دىدى .

بامداتنىڭ ۋاقتى ئىككىنچى تاڭ ئىتىشتىن باشلىنىپ ، كۈن چىقىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ . ھەمدە ئىككىنچى تاڭ بولسا شەرقتىكى ئۇپۇقتا كۆررۈنگەن كەڭ سوزۇلغان ئاقلىق بولۇپ ، ئۇ شىمالدىن جەنۇپقا قاراپ سوزىلىدۇ . بىرىنچى تاڭ بولسا ئۇ ئىككىنچى

تاڭدىن تەخمىنەن بىر سائەت بۇرۇن كۆرۈنىدۇ . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق :

1) بىرىنچى تاڭدا بولسا ئاقلىق شەرقتىن غەربكە قاراپ سوزۇلىدۇ ، ئىككىنچى تاڭدا بولسا ئۇ شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ سوزۇلىدۇ .

2) بىرىنچى تاڭ بولسا كەينىدىن قاراڭغۇلۇق كېلىدۇ ، يەنى يورۇقلۇق قىسقا ۋاقىت داۋاملىشىدۇ ئاندىن ئۇ يەنە قاراڭغۇلىشىدۇ . ئىككىنچى تاڭ بولسا كەينىدىن قاراڭغۇلۇق كەلمەيدۇ ، بەلكى يورۇقلۇق كۈچىيىدۇ .

3) ئىككىنچى تاڭ بولسا ئۇپۇققا تۇتاش بولىدۇ ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇپۇق ئارىسىدا قاراڭغۇلۇق بولمايدۇ ، لېكىن بىرىنچى تاڭ بولسا ئۇنىڭ بىلەن ئۇپۇق ئارىسىدىكى قاراڭغۇلۇق بىلەن ئۇپۇقتىن ئايرىلغان بولىدۇ .

[ الشرح الممتع (2/107).] كە قاراڭ .